ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دىنىي ساۋات

«مەن مۇسۇلمان» يۇرۇشلۇك ئەسەرلىرى

# ناماز







ناماز دىننىڭ تۈۋرۈكىدۇر.

تاھارەت ئىماننىڭ يېرىمىدۇر.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# ناماز

# أحكام الصلاة مصورة للأطفال

## Çocuklara Namaz Eğitimi

تەييارلىغۇچى:

مۇھەممەد سابىر مۇھەممەد

پىلانلىغۇچى ۋە تەھرىرلىگۈچى:

شەيخ مىرئالىم ئابدۇلمەجىد كاشغەرى


جمعية مركز ساجية للبحوث والعلوم الإسلامية

SACİYE MEDRESESİ İSLAMİ İLİMLERİ ARAŞTIRMA DERNEĞİ

saciyeder@gmail.com

www.sajiya.biz

تۈركىيە - ئىستانبۇل

05537654555



11.26.2019

ئالدى بىلەن سىزنىڭ ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى نەشىر قىلغان ئەسەرلەرنى تاللىغىنىڭىزغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز، ھەممىگە قادىر ئاللاھدىن ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان ئەسەرلەر ئارقىلىق ھەممىمىزگە نەپ يەتكۈزۈشىنى ۋە قوبۇل قىلىشىنى سەمىمىلىك بىلەن تىلەيمىز.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب بالىلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن دىنىي تەلىم - تەربىيە كىتابى بولۇپ، بىز سەبىي پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئەسەرلىرىمىزنى بۇنىڭدىنمۇ ياخشى قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق ۋە ۋاقىت ئاجرىتىشتا بېخىللىق قىلمايمىز... ئەسەرلىرىمىزنى توردا تارقىتىشتىكى مەقسەت - نىشانىمىز توردىكى ئۇيغۇرچە دىنىي مەزمۇنلارنى بېيىتىش، شۇنداقلا ئېھتىياجلىق كىشىلەرنىڭ ئۇنى ھەر ۋاقىت توردىن چۈشۈرۈپ پايدىلىنىشى ئۈچۈندۇر.

بۇ ئەسەرلەر توردا ھەقسىز تارقىتىلىدىغان بولۇپ پەقەت شەخسىي ۋە تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرىدىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەسەرلىرىمىزنىڭ نەشىر ھوقۇقى ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە، قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش، ياكى سودا تور بېكەتلىرىگە خالىغانچە قايتا يوللاش ھەمدە مەركەزنىڭ لوگوسىنى ئۆچۈرۈۋېتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

كىتابنى ھەمبەھىرلىگۈچى ۋە چۈشۈرمەكچى بولغانلار ئۈچۈن توربەت ئادرېسىمىزنىڭ ئەسلى ئۇلانمىسى:



# ناماز ئوقۇشنى ئۆگىنەيلى!



ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئوماق بالىلىرىم! سىلەر نامازنىڭ ئىمان ئېيتىشتىن قالسىلا ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، دىنىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، ياخشىلىققا باشلىغۇچى، يامانلىقتىن توسقۇچى، شۇنداقلا ئاللاھقا بولغان ئىخلاسمەنلىكىمىز، تەقۋادارلىقىمىز، ئىتائەتمەنلىكىمىزنىڭ ئىپادىسى ۋە قىيامەت كۈنى بىز ئەڭ ئاۋۋال ھېساب بېرىدىغان ئەمىلىمىز ئېكەنلىكىنى بىلەمسىلەر!

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دېگەن: ﴿ھەقىقەتەن مەن ئاللاھمەن، مەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق، ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن، مېنى ئەسلەش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن﴾ «تاھا سۈرىسى، 14 ـ ئايەت»

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «...دىنىنىڭ بېشى ئىسلام، تۈۋرۈكى ناماز، يۈكسەك پەللىسى جىھادتۇر» دېگەن. («تىرمىزىي»، 2616 ـ ھەدىس)

ئوماق بالىلىرىم! سىلەر نامازنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى بىلىۋالدىڭلارمۇ! ئەمدى بىز بۇ كىتاب ئارقىلىق نامازنى مۇكەممەل ئوقۇشنى، ئوقۇغاندىمۇ ئۇنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئاللاھقا قوبۇل بولىدىغان شەكىلدە ئوقۇشنى ئۆگىنىپ چىقايلى بولامدۇ؟



# نامازنىڭ پايدىلىرى



1. ناماز ئىنساننىڭ نەپسىنى پاكلايدۇ، روھىنى كۆتۈرىدۇ.
2. ناماز ئىنساننى گۇناھلاردىن ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، شەيتاننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ.
3. ناماز ئىنساننىڭ گۇناھلىرى ۋە خاتالىقلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ.
4. ناماز ئىنساننى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىسىنى كۆتۈرىدۇ.
5. ناماز ئىنسانغا ھوزۇر ـ ھالاۋەت ۋە كۆڭۈل ئاراملىقى بېغىشلايدۇ.
6. ناماز ئىنساننىڭ ئېچكى ۋە تاشقى گۈزەللىكىگە ۋاستە بولىدۇ.
7. ناماز ئىنساننىڭ ئەخلاقىنى ۋە ۋىجدانىنى كۈچەيتىدۇ.
8. ناماز ئىنساننى دۇنيانىڭ ھەرخىل قىيىنچىلىقلىرى، مۇسىبەتلىرىگە سەۋرچان ۋە چىدامچان بولۇشنى ئۆگىتىدۇ.

# ئەزان قانداق كېلىپ چىققان؟



ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ تۈرلۈك ئىشلاردا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىشىنى ۋە بىرلىك - باراۋەرلىكىنى، ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن جامائەت نامىزىنى ئەڭ ئەۋزەل ناماز قىلدى.

ناماز ۋاقتى بولغاندا، غاپىللارنى ئويغىتىدىغان، بىخۇدلارنى ئەسلىتىدىغان ۋە كىشىلەرنى مەسجىدكە نامازغا كېلىشكە چاقىرىدىغان بىر ئۇسۇلنى يولغا قويۇش توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

بەزى ساھابىلەر: «ناماز ۋاقتىدا كىشىلەر كۆرۈپ نامازغا كېلىشى ئۈچۈن بايراق چىقىرايلى» دېدى. بەزى ساھابىلەر بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇخلاۋاتقان كىشىلەرنى ئويغىتالمايدىغانلىقىنى، غاپىللارغا چاقىرىق بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قوشۇلمىدى.

بەزى ساھابىلەرنىڭ: «ئېگىز دۆڭگە ئوت يېقىپ گۈلخان سالساق» دېگەن پىكرىمۇ قوبۇل قىلىنمىدى.

بەزى ساھابىلەر يەھۇدىلارنىڭ ئىبادەت ۋاقتىدا بۇرغا چالغىنىغا ئوخشاش بۇرغا چېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارغا ئوخشاپ قېلىشنى يامان كۆرگەنلىكتىن، بۇ پىكرنى رەت قىلدى.

يەنە بەزى ساھابىلەرنىڭ خىرىستىيانلارغا ئوخشاش داڭ ئۇرۇش پىكرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياقمىدى.

ئەڭ ئاخىرىدا بەزى ساھابىلەرنىڭ ناماز ۋاقتىدا ئەزان ئېيتىش پىكرى مۇۋاپىق دەپ قارالدى.





ساجيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

مۇئەززىنلەردىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر كىشى ئۇنىڭغا: «ساڭا نامازغا توۋلايدىغان ئەزاننى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد: «ماقۇل ئۆگىتىپ قويسىلا» دېدى.

ھېلىقى كىشى ئابدۇللاھقا:

﴿اللهُ أكْبَرُ﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر) تۆت قېتىم

﴿أشْهَدُ أنْ لا إلَهَ إلاَّ اللهُ﴾ (ئەشھەدۇ ئەنلە ئىلاھە ئىللەللاھ) ئىككى قېتىم،

﴿أشْهَدُ أنَّ مُحَمَّداً رَسُولُ اللهِ﴾ (ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ) ئىككى قېتىم،

﴿حَيَّ عَلَى الصَّلاةِ﴾ (ھەييە ئەلەسسالاھ) ئىككى قېتىم،

﴿حَيَّ عَلَى الفَلاحِ﴾ (ھەييە ئەلەلفەلەھ) ئىككى قېتىم.

﴿اللهُ أكْبَرُ﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر) ئىككى قېتىم.

﴿لا إلَهَ إلاَّ اللهُ﴾ (لە ئىلاھە ئىللەللاھ) بىر قېتىم.

دەيسەن، دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئويغانغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەقىقەتەن ھەق چۈش كۆرۈپسەن، بۇنى بىلالغا ئۆگەتكىن، بىلالنىڭ ئاۋازى سېنىڭكىدىن جاراڭلىق، ئەزاننى بىلال توۋلىسۇن» دېدى.

بىلال ئەزان توۋلاۋاتقاندا، ئۆمەر كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللا! ئاللاھقا قەسەمكى، بۇنىڭغا ئوخشاش چۈشنى مەنمۇ كۆرگەن ئىدىم» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە قاراپ: «ئاللاھقا شۈكرى» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈستىدىكى ئۇسۇل بويىچە ئەزان توۋلاش يولغا قويۇلدى.



# ئەزان توۋلاش



ئەزان توۋلاش ئارقىلىق ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكى ئۇقتۇرۇلىدۇ ۋە بەش ۋاخ ناماز، جۈمە نامىزى، ئىككى ھېيت نامىزىنى جامائەت بولۇپ ئوقۇش ئۈچۈن توۋلىنىدۇ.

## ئەزان مۇنداق توۋلىنىدۇ:

﴿اللهُ أكْبَر، اللهُ أكْبَر﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر)

﴿اللهُ أكْبَر، اللهُ أكْبَر﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر)

﴿أشْهَدُ أنْ لا إلَهَ إلاَّ الله﴾ (ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ)

﴿أشْهَدُ أنْ لا إلَهَ إلاَّ الله﴾ (ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ)

﴿أشْهَدُ أنَّ مُحَمَّداً رَسُولُ الله﴾ (ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ)

﴿أشْهَدُ أنَّ مُحَمَّداً رَسُولُ الله﴾ (ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ)

﴿حَيَّ عَلَى الصَّلاة، حَيَّ عَلَى الصَّلاة﴾ (ھەييە ئەلەسسالاھ، ھەييە ئەلاسسالاھ)

﴿حَيَّ عَلَى الفَلاحِ، حَيَّ عَلَى الفَلاحِ﴾ (ھەييە ئەلالفەلاھ، ھەييە ئەلالفەلاھ)

﴿اللهُ أكْبَر، اللهُ أكْبَر﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر)

﴿لا إلَهَ إلاَّ اللهُ﴾ (لە ئىلاھە ئىللەللاھ)

بامدات نامىزى ئۈچۈن ئەزان توۋلىغاندا (ھەييە ئەلەلفەلاھ) دىن كېيىن (ئەسسالەتۇ خەيرۇممىنەننەۋوم) نى ئىككى قېتىم دەيمىز.



# ئەزان تووۋلىنىۋاتقاندا نېمە قىلىمىز؟



مۇئەززىن ئەزان تووۋلىغاندا بىزمۇ ئىچىمىزدە مۇئەززىنگە ئەگىشىپ ئوقۇيمىز لېكىن:

﴿حَيَّ عَلَى الصَّلاة﴾ (ھەييە ئەلاسسالاھ)

﴿حَيَّ عَلَى الفَلاحِ﴾ (ھەييە ئەلالفەلاھ)

دېگەندە:

﴿لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ﴾(لەھەۋلە ۋەلە قۇۋۋەتە ئىللە بىللە) يەنى (ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچ ئىش قىلالمايمىز) نى ئىككى قېتىم ئوقۇيمىز.




ھەدىس

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەزاندا ئېيتىلغان ھەقىقەتلەرگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ھالدا مۇئەززىننىڭ ئوقۇغىنىنى ئىچىدە تەكرار ئوقۇسا، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ».

(«نەسائىي»، 674 ـ ھەدىس)

# ئەزاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا



مۇئەززىن ئەزاننى توۋلاپ توختىغاندا ئاستىدىكى دۇئانى ئوقۇيمىز:

﴿اللَّهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ ، وَالصَّلاَةِ القَائِمَةِ آتِ مُحَمَّدًا الوَسِيلَةَ وَالفَضِيلَةَ ، وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَه﴾

(ئاللاھۇممە راببە ھەزىھىددەئۋەتىتتاممە، ۋەسسالاتىلقائىمە ئاتى مۇھەممەدەن ئەلۋەسىلەتە ۋەلفەدىيلە، ۋەبئەسھۇ مەقامان مەھمۇدان ئەللەزىي ۋەئەتتە)

مەنىسى: (ئى مۇشۇ مۇكەممەل تەۋھىدنىڭ ۋە ۋاقتى تۇرغۇزۇلغان نامازنىڭ ئىگىسى ئاللاھ! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جەننەتتىكى يۇقۇرى مەرتىۋىنى ۋە پەزىلەتنى بەرگىن، ئۇنى سەن ۋەدە قىلغان شاپائەت ھوقوقىغا ئېرىشتۈرگىن).



ساجىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# تەكبىر ئېيتىش



**تەكبىر ئېيتىش بولسا:**

پەرز نامازلارغا تۇرۇش ئالدىدا ئېيتىلىدىغان سۈننەت بولۇپ، تەكبىرنىڭ ئەزانغا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئەزان پەرز نامازلارنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن توۋلىنىدۇ. تەكبىر بولسا، جامائەت بىلەن ئوقۇلسۇن ياكى يالغۇز ئوقۇلسۇن، بارلىق پەرز نامازلار ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.



# قېنى بىزمۇ تەكبىر ئېيتىپ باقايلى!



﴿اللهُ أَكْبَرَ، اللهُ أَكْبَرَ﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر)

﴿اللهُ أَكْبَرَ، اللهُ أَكْبَرَ﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر)

﴿أَشْهَدُ أَنْ لا إِلَهَ إِلاَّ الله﴾ (ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ)

﴿أَشْهَدُ أَنْ لا إِلَهَ إِلاَّ الله﴾ (ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ)

﴿أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً رَسُولُ الله﴾ (ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ)

﴿أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً رَسُولُ اللهِ﴾ (ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ)

﴿حَيَّ عَلَى الصَّلاةِ﴾ (ھەييە ئەلەسسالاھ)

﴿حَيَّ عَلَى الصَّلاةِ﴾ (ھەييە ئەلەسسالاھ)

﴿حَيَّ عَلَى الفَلاحِ﴾ (ھەييە ئەلالفەلاھ)

﴿حَيَّ عَلَى الفَلاحِ﴾ (ھەييە ئەلالفەلاھ)

﴿قَدْ قَامَتِ الصَّلاَةُ﴾ (قەد قامەتىسسالاھ)

﴿قَدْ قَامَتِ الصَّلاَةُ﴾ (قەد قامەتىسسالاھ)

﴿اللهُ أَكْبَرَ، اللهُ أَكْبَرَ﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر)

﴿لا إِلَهَ إِلاَّ اللهُ﴾ (لە ئىلاھە ئىللەللاھ)



# ناماز دېگەن نېمە؟ قانداق كىشىلەرگە پەرز؟



**ناماز**: تەكبىر ئېيتىش بىلەن باشلىنىدىغان، سالام بىلەن ئاياغلىشىدىغان خاس قىلىنغان سۆز ـ ھەرىكەتلەر بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بولۇپ، ھەرقانداق بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىل ھۇشى جايىدا بولغان مۇسۇلمان كىشىگە كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش پەرزدۇر.

بەش ۋاخ ناماز بىزنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىز ۋە گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇپ تازىلايدىغان مەنىۋى مۇنچىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مىسال قىلىپ ساھابىلەردىن:

ـ سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر كۈنى بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە كىرنىڭ ئەسىرى قالامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ـ ياق، ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە كىردىن ھېچقانداق ئەسەر قالمايدۇ، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بەش ۋاخ نامازنىڭ مىسالى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاللاھ تائالا بەش ۋاخ ناماز ئوقۇغان بەندىسىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرىدۇ، ـ دېدى.

(«بۇخارىي»، 528 ـ ھەدىس)





# ناماز قانداق پەرز قىلىنغان؟

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسرا ۋە مىراج سەپىرىدە نامازنىڭ قانداق پەرز قىلىنغانلىقى ھەققىدە مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن:

ئاللاھ تائالا مىراج كېچىسى مېنىڭ ئۇممىتىمگە ھەر كېچە ـ كۈندۈزدە ئەللىك ۋاخ ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلدى. ئاندىن مەن قايتىپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم، مۇسا ئەلەيھىسسالام مەندىن: «رەببىڭ سېنىڭ ئۇممىتىڭگە نېمىنى پەرز قىلدى» دەپ سورىدى. مەن: «ئەللىك ۋاخ ناماز» دەپ جاۋاب بەردىم. مۇسا ئەلەيھىسسالام: «قايتىپ بېرىپ رەببىڭدىن يېنىكلىتىشنى سورىغىن، ئۇممىتىڭ بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ، مەن سەندىن بۇرۇن بەنى ئىسرائىلنى سىناپ كۆرگەن ئىدىم» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن قايتىپ بېرىپ، ئاللاھقا: «ئى ئاللاھ يېنىكلىتىپ بەرگىن» دېدىم. مەندىن بەش ۋاخ نامازنى كېمەيتتى.

مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قايتىپ بېرىپ: «مەندىن بەش ۋاقىت نامازنى كېمەيتتى» دېدىم. مۇسا ئەلەيھىسسالام: «ئۇممىتىڭ تاقەت قىلالمايدۇ، قايتىپ بېرىپ رەببىڭدىن يېنىكلىتىشنى سورىغىن» دېدى.



شۇنىڭ بىلەن يېنىكلىتىشنى سوراپ، رەببىم بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدا كۆپ قېتىم ماڭدىم. تاكى ئاللاھ تائالا: «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلدىم. ھەربىر ۋاخ ناماز ئون ۋاخ نامازنىڭ ئورنىدا، بەش ۋاخ ناماز ئەللىك ۋاخ نامازنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. كىمكى بىر ياخشىلىقنى ئويلاپ، ئۇنى قىلمىسىمۇ بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. ئەگەر قىلسا ئۇنىڭغا ئون ياخشىلىقنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. كىمكى بىر يامانلىقنى ئويلاپ ئۇنى قىلمىسا ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ يېزىلمايدۇ. ئەگەر قىلسا ئۇنىڭغا بىر گۇناھ يېزىلىدۇ» دېدى.

قايتىپ چۈشۈپ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى ئېيتتىم. مۇسا ئەلەيھىسسالام: «رەببىڭگە قايتىپ بېرىپ يېنىكلىتىشنى سورىغىن» دېدى. مەن: «رەببىمگە قايتىۋېرىپ خىجىل بولۇپ قالدىم» دېدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش پەرز قىلىندى.

(«بۇخارىي»، 349 ـ ھەدىس)



# بەش ۋاخ ناماز



ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلغان بەش ۋاخ نامازنىڭ ئادا قىلىنىش ۋاقىتلىرىنى كېچە - كۈندۈزنىڭ ئوخشاش بولمىغان سائەتلىرىگە بەلگىلىدى. تۆۋەندە بىز ئۇلارنىڭ ۋاقتى ۋە رەكئەت سانىنى ئۆگىنىپ چىقىمىز.




بامداتتا ئاۋۋال ئىككى رەكئەت سۈننەت، ئاندىن ئىككى رەكئەت پەرز ئوقۇيمىز.

**ۋاقتى**: ئىككىنچى تاڭنىڭ ئاقىرىشى بىلەن باشلىنىپ، قۇياش چىققانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.




پېشىندا ئاۋۋال تۆت رەكئەت سۈننەت، ئاندىن تۆت رەكئەت پەرز، ئاخىرىدا ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇيمىز.

**ۋاقتى**: قۇياش كۈن پېتىش تەرەپكە قايرىلغاندىن باشلىنىپ، ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ بىر ياكى ئىككى ھەسسىسىگە قەدەر ئۇزارغان ۋاقىتقىچە داۋام قىلىدۇ.

ساجىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى




ئەسىردە تۆت رەكئەت پەرز ئوقۇيمىز.

**ۋاقتى**: پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى چىققاندىن باشلىنىپ، قۇياش پاتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.




شامدا ئاۋۋال ئۈچ رەكئەت پەرز، ئاندىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇيمىز.

**ۋاقتى**: قۇياش پاتقاندىن باشلىنىپ، ئوپۇقتىكى قىزىللىق ياكى ئاقلىق يوقالغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.




خۇپتەندە ئاۋۋال تۆت رەكئەت پەرز، ئاندىن ئىككى رەكئەت سۈننەت، ئاخىرىدا ئۈچ رەكئەت ۋىتىر ئوقۇيمىز.

**ۋاقتى**: شام نامىزىنىڭ ۋاقتى چىققاندىن باشلىنىپ، بامدات نامىزىغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.

# نامازنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى



## مۇسۇلمان بولۇش

مۇسۇلمان ئەمەس ئادەمگە ناماز پەرز بولمايدۇ.



## بالاغەتكە يېتىش

ناماز يېشىغا توشمىغان كىچىك بالىغا ناماز پەرز بولمايدۇ.



## ئەقىل - ھۇشى جايىدا بولۇش

ئەقىل - ھۇشى جايىدا ئەمەس، ساراڭ ئادەملەرگە ناماز پەرز بولمايدۇ.



## ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى

پەرز نامازلارنى ۋاقتى كىرمەي تۇرۇپ ئوقۇساق بولمايدۇ.

# نامازنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى



## ئەۋرەتنى يېپىش

كىيىم - كېچەك ئەۋرەتنى ياپقۇدەك، پاكىزە بولۇش، بەك تار ياكى بەدەن كۆرۈنۈپ قالىدىغان بولماسلىق.



## تاھارەت بولۇش

نامازنىڭ ئادا بولۇشى ئۈچۈن، بەدىنىمىز ۋە كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى ھەر تۈرلۈك مەينەتلىكتىن پاكىزلايمىز.



## قىبلىگە يۈزلىنىش

ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىمىزدا، قىبلە تەرەپكە يۈزلىنىمىز.



## نىيەت قىلىش

ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىمىزدا، قايسى نامازنى ئوقۇماقچى بولغانلىقىمىزنى نىيەت قىلىمىز.

# نامازنىڭ پەرزلىرى



نامازنىڭ پەرزلىرى ئالتە بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

## 1 تەكبىر تەھرىمى



ناماز باشلاش تەكبىرى

## 2 قىيام



نامازدا ئۆرە تۇرۇش

## 3 قىرائەت



قۇرئان ئوقۇش

## 4 رۇكۇ



قولنى تىزغا قويۇپ ئېگىلىش

## 5 سەجدە



نامازدا پېشانىنى يەرگە تەگكۈزۈش

## 6 تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش



نامازنىڭ ئاخىرقى رەكئىتىدىن كېيىن ئولتۇرۇش



# نامازنىڭ ۋاجىپلىرى



1. ناماز باشلىغاندا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىش.
2. نامازدا فاتىھەدىن كېيىن، بىرەر سۈرە ئوقۇش ياكى ئاز دېگەندە ئۈچ ئايەت ئوقوش.
3. سەجدە قىلغاندا بۇرۇن بىلەن پېشانىنى باراۋەر يەرگە تەككۈزۈش.
4. ئىككى سەجدىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قىلىش.
5. ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىنىڭ ئاخىرىدا «تەشەھھۇد»تا ئولتۇرۇش.
6. نامازدا خاتالىق بولسا «سەجدە سەھۋى» قىلىش.
7. نامازنىڭ تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلىش.
8. نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا «تەشەھھۇد» ئوقۇش.
9. ۋىتىر نامىزىدا تەكبىر ئېيتىش ۋە قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇش.
10. نامازنىڭ ئاخىرىدا ئىككى تەرەپكە سالام بېرىش.
11. بامدات، شام، خۇپتەن نامازلىرىدا قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇش.
12. پېشىن بىلەن ئەسىر نامازىدا قىرائەتنى ئىچىدە ئوقۇش.
13. نامازدا «فاتىھە»نى باشقا سۈرىدىن ئاۋۋال ئوقۇش.
14. جامائەت نامىزىدا جىم تۇرۇپ ئىمامنىڭ قىرائىتىگە قۇلاق سېلىش.
15. ھېيت نامازلىرىنىڭ ئارتۇق تەكبىرلىرىنى ئېيتىش.

# نامازدىكى سۈننەتلەر



1. تەكبىر ئېيتقاندا ئوغۇللار قوللىرىنى قۇلاقلىرىغىچە، قىزلار مۈرىلىرىگىچە كۆتۈرۈش.
2. ھەر نامازنىڭ بىرىنچى رەكئىتىنىڭ باشلىنىشىدا ئىچىدە «سۇبھانەكەللاھۇممە ..»نى ئوقۇش.
3. فاتىھەدىن ئاۋۋال «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم» بىلەن «بىسمىللا ھىر رەھمانىررەھىيم»نى ئوقۇش.
4. «فاتىھە»دىن كېيىن ئىچىدە «ئامىين» دېيىش.
5. قىيامدا تۇرغاندا ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇش.
6. قىيامدا تۇرغاندا ئىككى پۇتنىڭ ئارىسىنى ئوچۇق قويۇش.
7. رۇكۇدىن تۇرغاندا «سەمىئاللاھۇلىمەن ھەمىدە» ۋە «راببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ» دېيىش.
8. رۇكۇغا ياكى سەجدىگە بارغاندا ۋە تۇرغاندا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىش.
9. رۇكۇدا «سۇبھانە راببىيەل ئەزىيم»نى، سەجدىدە «سۇبھانە راببىيەل ئەلا»نى ئوقۇش.
10. رۇكۇدا تىزنى قولنىڭ بارماقلىرىنى ئوچۇق ھالەتتە تۇتۇش.
11. سەجدىگە بارغاندا ئاۋۋال تىزنى، ئاندىن قولنى، ئاندىن پېشانىنى يەرگە قويۇش، تۇرۇشتا ئەكسىچە قىلىش.
12. تەشەھھۇدتا ئوڭ قولنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن قىبلىگە ئىشارەت قىلىپ ئولتۇرۇش.
13. ئەڭ ئاخىرقى تەشەھھۇددىن كېيىن «ئاللاھۇممە سەللى ئەلا» ۋە «راببەنا ئاتىنا» دۇئاسىنى ئوقۇش.
14. سالام بەرگەندە ئاۋۋال ئوڭ، ئاندىن سول تەرەپكە قاراپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دېيىش.

# نامازدىكى مەكروھلار



1. ھاجىتى قىستاپ قالغان ياكى تاماق كەلگەن ۋاقىتتا نامازغا تۇرۇش.
2. رۇكۇ، سەجدىلەرنى ئالدىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىكى تەسبىھلەرنى ئوقۇماسلىق.
3. نامازغا يارىمايدىغان كىيىملەرنى كىيىپ ناماز ئوقۇش.
4. تازىلىقى ياخشى ئەمەس، نامازغا يارىمايدىغان جايلاردا ناماز ئوقۇش.
5. ۋاجىپ دېيىلگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى قەستەن تەرك ئېتىش.
6. سۈننەت دېيىلگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى ياكى ھەممىسىنى تەرك ئېتىش.
7. نامازدا باشقىلارنىڭ قولىدىن بىرەر نەرسە ئېلىش.
8. جامائەت نامىزىدا، ئالدىنقى سەپتە بوش ئورۇن بولسىمۇ، ئارقا سەپتە تۇرۇش.
9. كۆزنى يۇمۇۋېلىش، ئوڭ - سول ياكى ئۈستىگە قاراش، باش - كۆزنى ئۆزۈرسىز سۈرتۈش.
10. بىرىنچى رەكئەتتە ئوقۇغان سۈرىنى ئىككىنچى رەكئەتتىمۇ قايتا ئوقۇش،
11. رۇكۇ، سەجدىلەرگە ئۆتۈشتە تەكبىرلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئېيتماسلىق.
12. نامازدا بىرەر يەرگە يۆلىنىۋېلىش، ئوڭ - سولغا مىدىرلاش ياكى بىرەر نەرسىنى پۇراش.
13. نامازدا بارماقلاردىن قاس چىقىرىش قاتارلىق باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش.
14. ئۆزۈرسىز ئولتۇرۇش، ئادەم ياكى جانلىقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىيىملەر بىلەن ناماز ئوقۇش.

# نامازنى بۇزىدىغان ئىشلار




1. نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بىرىنى قەستەن تەرك ئېتىش.
2. نامازدا باشقىلار ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا كۈلۈش.
3. نامازدا ئايەتلەرنى مەنىسى بەكلا ئۆزگىرىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە خاتا ئوقۇش.
4. نامازدا ھەر قانداق بىر ئاغرىق ئۈچۈن ئاۋازلىق ئاھ - ئۇھ، ۋاي - ۋاي دېيىش.
5. نامازدا قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن بىرەر نەرسە يېيىش ياكى ئىچىش.
6. نامازدا رۇكۇ، سەجدە قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئىمامدىن بۇرۇن قىلىۋېتىش.
7. نامازدا مۇناسىۋەتسىز ئىش - ھەرىكەتلەرنى كۆپ قىلىش.
8. نامازدا مەيدىنى قىبلە تەرەپتىن باشقا تەرەپكە چۆرۈش.
9. نامازدا ھەرقانداق سەۋەب بىلەن تاھارەتنىڭ بۇزۇلۇشى.
10. نامازدا باشقىلارنىڭ قولىدىن بىرەر نەرسە ئېلىش.
11. نامازدا ئەۋرەت دەپ قارالغان جايلارنى ئېچىش.
12. نامازدا قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن گەپ - سۆز قىلىش.

ساجىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# قېنى كېلىڭلار!
# ناماز ئوقۇشنى باشلايلى!



# قىبلىگە يۈزلىنىش، نىيەت ۋە تەكبىر تەھرىمە



نامازغا تۇرماقچى بولغىنىمىزدا، يۈزىمىز ۋە كۆكسىمىزنى ئاللاھنىڭ ئۆيى بولغان (كەبە) تەرەپكە قارىتىپ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇشنى ئىچىمىزدە نىيەت قىلىمىز، ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىش بىلەن ئىككى قولىمىزنى مۆرىمىزگىچە ياكى ئىككى قۇلىقىمىزغىچە كۆتۈرۈپ نامازغا تۇرىمىز.



## ھەدىس

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرغاندا، قىرائەتتىن بۇرۇن: «سۇبھانەكەللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋەلا ئىلاھە غەيرۇك» يەنى «ئى ئاللاھ! سەن پاكتۇرسەن، جىمى ھەمدىلەر ساڭا خاستۇر، ئىسمىڭ مۇبارەكتۇر، ئەزىمىتىڭ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، سەندىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر» دەيتتى.

(«ئەبۇ داۋۇد»، 776 ـ ھەدىس)

# بىرىنچى رەكئەتكە تۇرۇش



«تەكبىر تەھرىمە»دىن كېيىن سول قولىمىزنىڭ بېغىشىنى مەيدىمىزگە قويۇپ، ئوڭ قولىمىزنى سول قولىمىزنىڭ ئۈستىگە قويىمىز، ئاندىن سەجدە قىلىدىغان جايغا قاراپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇيمىز:

﴿سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَى جَدُّكَ وَلاَ إِلَهَ غَيْرُكَ﴾

(سۇبھانەكەللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋەلا ئىلاھە غەيرۇك)



ئاندىن «فاتىھە»نى ئوقۇپ، ئارقىدىن ئۆزىمىز بىلىدىغان ئايەت ياكى سۈرىلەرنى ئوقۇيمىز.

## ھەدىس

ئىبنى مەسئۇد رەزىيallاھۇ ئەنھۇد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ سول قولۇمنى ئوڭ قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ئوڭ قولۇمنى سول قولۇمنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويدى».

(«نەسائىي»، 888 ـ ھەدىس)

# رۇكۇ قىلىش



رۇكۇغا بېرىشتا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىپ قوللىرىمىز تىزىمىزغا ئازادە يەتكۈچىلىك ئېگىلىمىز، بويۇن بىلەن دۈمبىنى تەكشى قىلىمىز. بارماقلىرىمىزنى ئېچىپ تىزىمىزنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئىچىمىزدە:

﴿سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ﴾(سۇبھانە راببىيەل ئەزىيم) نى

ئۈچ قېتىم دەيمىز.

ھەدىس

ئەبۇ ھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابە ھەمراھلىرى ئىچىدە تۇرۇپ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇغا بېرىپ دۈمبىسىنى رۇس قىلغان» دېگەن.

(«بۇخارىي»، 828 ـ ھەدىس)



# رۇكۇدىن تۇرۇش



رۇكۇدىن تۇرغاندا ﴿سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ﴾(سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ) دەپ رۇس تۇرىمىز ۋە:

﴿رَبَّنَا وَلَكَ الحَمْد، حَمْداً كَثِيْراً طَيِّباً مُبارَكَاً فِيْه﴾(رابىەنا ۋەلەكەلھەمد، ھەمدەن كەسىران تەيىبەن مۇبارەكەن فىيھى) دەيمىز.



ھەدىس

رىفائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدەھ» دېگەنىدى، ئارقىسىدىكى بىر كىشى: «رابىەنا ۋەلەكەلھەمد، ھەمدەن كەسىران تەيىبان مۇبارەكان فىيھى» يەنى ‹ئى پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا كۆپلىگەن پاك، مۇبارەك ھەمدىلەر بولسۇن!› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن: «بايىقى سۆزنى دېگەن كىم؟» دەپ سورىدى. ھېلىقى كىشى: «مەن» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن 30 نەچچە پەرىشتىنىڭ ئۇ سۆزنى ئەڭ ئاۋۋال يېزىۋېلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن بەس - بەستە يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆردۈم» دېدى.

(«بۇخارىي»، 796 - ھەدىس)

# سەجدە قىلىش



سەجدىگە بارغاندا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تىزلىنىپ پېشانىمىز، بۇرنىمىز ۋە ئىككى ئالقىنىمىزنى يەرگە تەككۈزىمىز. جەينەكلەر يەرگە تەگمىگەن ھالدا قول ۋە پۇت بارماقلىرىمىزنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ سەجدە قىلىمىز، ئاندىن:

﴿سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى﴾(سۇبھانە راببىيەل ئەلا) نى ئۈچ قېتىم دەيمىز.

ھەدىس

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى: مەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنى كۆزەتتىم. ئۇنىڭ قىيامدا تۇرۇش، رۇكۇ قىلىش، رۇكۇدىن كېيىن ئۆرە تۇرۇش، سەجدە قىلىش، ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇش، سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن كېتىشتىن بۇرۇن بىر ئاز ئولتۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇددىتى ئاساسەن تەڭ ئىدى.

(«مۇسلىم»، 471 ـ ھەدىس)



# سەجدىدىن باشنى كۆتۈرۈش



سەجدىدىن باشنى كۆتۈرگەندە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىپ كۆتۈرىمىز، ئاندىن ئىككى سەجدە ئارىلىقىدىكى ئولتۇرۇشتا، ئوغۇللار سول پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، ئوڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلىگە قارىتىپ، بارماقلارنىڭ ئاستىنى يەرگە بېسىپ ئولتۇرىدۇ، قىزلار ئىككى پۇتىنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ بېسىپ ئولتۇرىدۇ.

ئىككى سەجدە ئارىسىدا:

﴿رَبِّ اِغْفِرْلِي، وَارْحَمْنِي، وَاهْدِنِي، وَعَافِنِي، وَارْزُقْنِي﴾(راببىغفىرلى ۋەرھەمنى، ۋەھدىنى، ۋەئافىنى، ۋەرزۇقنى) دېگەن دۇئانى ئوقۇيمىز.



## ھەدىس

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئادەم بالىسى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ سەجدە قىلسا، شەيتان يىغلىغان پېتى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ: ‹ھەي ئىسىت! ئادەم بالىسى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدى، سەجدە قىلدى. ئۇنىڭغا جەننەت بار. مەن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئەمما سەجدىدىن باش تارتتىم، ماڭا دوزاخ بار› دەيدۇ».

(«مۇسلىم»، 81 ـ ھەدىس)



# ئىككىنچى سەجدە

ئىككىنچى سەجدىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىش بىلەن سەجدىگە بېرىپ، ھەممە ئىشنى خۇددى بىرىنچى سەجدىگە ئوخشاش قىلىمىز.

﴿سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى﴾(سۇبھانە راببىيەل ئەلا) نى ئۈچ قېتىم دەيمىز.

ھەدىس

ۋائىل ئىبنى ھۇجر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامازغا تۇرغاندا، قولنى قۇلىقىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم».

(«ئەبۇ داۋۇد»، 728 ـ ھەدىس)



ساجىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# ئىككىنچى رەكئەتكە تۇرۇش



ئىككىنچى رەكئەتكە، سەجدىدىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، بىرىنچى رەكئەتتىكىگە ئوخشاش «فاتىھە»نى ئوقۇيمىز، ئارقىدىن ئۆزىمىز بىلىدىغان بىرەر سۈرە ياكى بىرقانچە ئايەتلەرنى ئوقۇيمىز، ئاندىن رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى قىلىمىز.



**ھەدىس**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدىن كېيىن پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن (يەنى بىر ئاز ئولتۇرماستىنلا ئىككىنچى رەكئەتكە) قوپۇپ كېتەتتى».

(«تىرمىزىي»، 288 ـ ھەدىس)

# بىرىنچى تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش



تەشەھھۇد دېگەن: نامازدا «تەھىييات دۇئاسى»نى ئوقۇش دېگەنلىك بولۇپ، ھەممە نامازنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدىن كېيىن ئىككى سەجدە ئارىلىقىدىكى ئولتۇرۇشقا ئوخشاش ئولتۇرىمىز ۋە «تەھىييات دۇئاسى»نى ئوقۇيمىز. ئەگەر ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك ناماز بولسا «تەھىييات دۇئاسى»نى ئوقۇپ بولۇپ، سالام بەرمەي ئورنىمىزدىن تۇرۇپ نامازنى داۋاملاشتۇرىمىز.

**تەھىييات دۇئاسى:**

﴿التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ الصَّالِحِينَ ، أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ﴾

(ئەتتەھىياتۇ لىللاھى ۋەسسەلەۋاتۇ ۋەتتەييىباتۇ ئەسسالامۇ ئەلەيكە ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، ئەسسالامۇئەلەينا ۋەئەلا ئىبادۇللاھىسسالىھىين، ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھۇ)



ھەدىس

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى: بىر كىشى تەشەھھۇدتا ئىككى بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ دۇئا قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇكىشىگە: «بىر بارماق بىلەن قىل!» دېدى.

(«تىرمىزي»، 3557 ـ ھەدىس)

# ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتكە تۇرۇش



ئۈچىنچى رەكئەتكە بىرىنچى تەشەھھۇددىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، پەقەت «فاتىھە»نى ئوقۇيمىز ئاندىن رۇكۇ، سەجدىلەرنى قىلىمىز. سەجدىدىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تۆتىنچى رەكئەتكە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۈچىنچى رەكئەتتىكىگە ئوخشاش ئىشلارنى قىلىمىز.



### ھەدىس

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئوغلۇم! نامازدا ئۇياق - بۇياققا قاراشتىن ساقلانغىن، چۈنكى نامازدا ئۇياق - بۇياققا قاراش ھالاك بولغانلىقتۇر. ئەگەر بەك زۆرۈر بولۇپ قالسا، نەپلە نامازدا قارىساڭ بولىدۇ. پەرز نامازدا قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ» دەپ تەلىم بەردى.

(«تىرمىزىي»، 589 - ھەدىس)

# ئاخىرقى تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش



ئىككىنچى تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇشتا، خۇددى بىرىنچى تەشەھھۇدتا ئولتۇرغانغا ئوخشاش ئولتۇرىمىز، ئاندىن تەھىييات دۇئاسىنى ئوقۇپ ئارقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۆۋەندىكى دۇرۇد ـ سالامنى ئوقۇيمىز.

﴿اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ وَبَارِكْ عَلى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ فِي الْعَالَمِينَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ﴾

(ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالىي مۇھەممەدىن كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋەئەلا ئالىي ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىدۇن مەجىيد، ئاللاھۇممە بارىك ئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالىي مۇھەممەدىن كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋەئەلا ئالىي ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىدۇن مەجىيد)

هەدىس



ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«تەشەھھۇدنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھقا سېغىنىپ، تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلەپ: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ جَهَنَّمَ وَمِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ» يەنى «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، دوزاخ ئازابىدىن، ھايات ـ ماماتنىڭ پىتنىسىدىن ۋە كاززاب دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن دۇئانى ئوقۇڭلار.

(«مۇسلىم»، 588 ـ ھەدىس)

# ئوڭ ۋە سول تەرەپكە سالام بېرىش



ئاخىرقى تەشەھھۇدتىن كېيىن، ئوڭ تەرەپكە قاراپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ سالام بېرىمىز، ئاندىن سول تەرەپكە قاراپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ سالام بېرىمىز، شۇنىڭ بىلەن ناماز تاماملانغان بولىدۇ.

## ھەدىس

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ ئارقىدىكىلەرگە مەڭزىنىڭ ئېقى كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە بۇرۇلۇپ سالام بېرەتتى».

(«نەسائىي»، 1324 ـ ھەدىس)



# كىم ئەڭ ئەقىللىق؟



ئوماق بالىلار! تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ ئۇلارنىڭ قايسى ئىشلار ئىكەنلىكىنى بوش ئورۇنلارغا يازايلى ۋە ئۇلارغا رەت تەرتىپى بويىچە نومۇر قويايلى!

..............................



..............................



..............................



..............................



..............................



..............................



..............................



# نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ۋە زىكىرلەر



1

﴿أَسْتَغْفِرُ اللهَ، أَسْتَغْفِرُ اللهَ، أَسْتَغْفِرُ اللهَ، اللّٰهُمَّ أَنْتَ السَّلامُ ، وَمِنْكَ السَّلام، تَبارَكْتَ يا ذا الجَلالِ وَالإِكْرام﴾

ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيمەن، ئى ئاللاھ! سەن تىنچلىق بەرگۈچىسەن ۋە تىنچلىق سېنىڭدىن، سەن ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە كاتتىلارنىڭ كاتتىسىسەن.

2

﴿لا إلهَ إلاّ اللهُ وحدَهُ لا شريكَ لهُ، لهُ المُلْكُ ولهُ الحَمْد، وهوَ على كلّ شَيءٍ قَدير، اللّٰهُمَّ لا مانِعَ لِما أَعْطَيْت، وَلا مُعْطِيَ لِما مَنَعْت، وَلا يَنْفَعُ ذا الجَدِّ مِنْكَ الجَد﴾

بىرئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ يەككە - يېگانىدۇر، ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر، ئى ئاللاھ! سەن ئاتا قىلغاننى توسۇۋالغۇچى يوق ۋە سەن توسقاننى بەرگۈچى يوق، سېنىڭ دەرگاھىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ.

3

﴿لا حَوْلَ وَلا قُوَّةَ إِلاّ بِالله، وَلا نَعْبُدُ إِلاّ إِيّاه لَهُ النِّعْمَةُ وَلَهُ الفَضْل وَلَهُ الثَّناءُ الحَسَن، لا إِلهَ إِلاّ اللهُ مُخْلِصينَ لَهُ الدِّينَ وَلَوْ كَرِهَ الكافِرون﴾

كۈچ - قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھدىندۇر. بىز پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز، ئۇ نېمەت ۋە پەزىلەت ئىگىسىدۇر، ئۇ ئەڭ ئېسىل ھەمدۇسانالارغا لايىقتۇر. ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، بىز ئىبادەتنى ئاللاھقىلا قىلىمىز، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىمىز.





# نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا - زىكرىلەر



4

ئاندىن:

«ئىخلاس»،«فەلەق»،«ناس» سۈرىلىرىنى ئوقۇيمىز.

5

«سۇبھانەللاھ» (ئاللاھ پاكتۇر)

**33** قېتىم،

«ئەلھەمدۇلىللاھ» (ھەمدۇسانالار ئاللاھقا خاستۇر)

**33** قېتىم،

«ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئاللاھ بۈيۈكتۇر)

**33** قېتىم.

«لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكەلە، لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير»

6

﴿اللهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لَا تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلَا نَوْمٌ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ مَنْ ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلَّا بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِنْ عِلْمِهِ إِلَّا بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَلَا يَئُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ﴾

ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر، ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدۇر، ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئۇنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن، ئۇ بەندىلىرىنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلىدىغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ بىلدۈرگەندىن باشقا، ھېچكىم ئۇنىڭ ئىلمىدىن بىر نەرسە بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ كۇرسى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنى كۆزىتىپ ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.

«بەقەرە سۈرىسى، 255 ـ ئايەت»





# نامازدىكى سەجدىلەر



## سەۋەنلىك سەجدىسى

نامازدىكى بىرەر ۋاجىپ تاشلىنىپ قېلىش ياكى ئۆز ئورنىدىن كېچىكتۈرۈلۈش، رۇكۇ، سەجدە، قىيامدا تۇرۇش ۋە تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش مەلۇم بىر ئىشنى ئارتۇق قىلىش «سەۋەنلىك سەجدىسى»نى ۋاجىپ قىلىدۇ. سەۋەنلىكنى تۈزىتىش ئۈچۈن سالامدىن كېيىن ئىككى سەجدە قىلىدۇ. ئاندىن (ئىككىنچى قېتىم) تەشەھھۇد ئوقۇپ سالام بېرىدۇ.

ئىمام سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قېلىپ سەجدە قىلغان بولسا ئىقتىدا قىلغۇچىلارمۇ سەجدە قىلىدۇ. ئەگەر قىلمىسا (ئىقتىدا قىلغۇچىلارمۇ) قىلمايدۇ.

نامىزىدا قانچە رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلمىگەن كىشى كۈچلۈك قارىشىنى ھېساب قىلىپ ئوقۇيدۇ؛ ئەگەر پەقەت ئۇقالماي قالسا، ئاز تەرىپىنى ھېساب قىلىپ ئوقۇيدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەشىنچى رەكئەتكە تۇرۇپ كېتىپ قالغاندا، تەسبىھ ئېيتىلىۋىدى (يەنى تەسبىھ ئېيتىش ئارقىلىق ئېسىگە سېلىپ قويۇلۇۋىدى)، قايتىپ سەۋەنلىك سەجدىسى قىلغان.

(«بۇخارىي»، 1226 ـ ھەدىس. «مۇسلىم»، 572 ـ ھەدىس).

## تىلاۋەت سەجدىسى

تىلاۋەت سەجدىسى ـ سەجدە ئايىتىنى ئاڭلىغان ياكى ئوقۇغاندا قىلىدىغان بىر سەجدىدىن ئىبارەت. «تىلاۋەت سەجدىسى» ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغان كىشىگە ۋاجىپ. سەجدە قىلماقچى بولغاندا، تەكبىر ئېيتىپ سەجدىگە بارىدۇ ۋە يەنە تەكبىر ئېيتىپ بېشىنى كۆتۈرىدۇ. سەجدە ئايىتىنى بىر ئورۇندا تەكرار ئوقۇغان كىشى جاپا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىرلا سەجدە قىلىۋەتسە بولىدۇ. سەجدە ئايىتىنى ئىمام ئوقۇسا ئىمام ۋە جامائەت سەجدە قىلىدۇ.

# نامازنىڭ باشقا تۈرلىرى



## جۈمە نامىزى

جۈمە نامىزى پېشىن نامىزىنىڭ ئورنىغا قويۇلغان جامائەت بولۇپ ئوقۇيدىغان پەرز ناماز.كېسەل كىشى، سەپەر ئۈستىدىكى كىشى ۋە ئايال كىشىلەرگە جۈمە نامىزى پەرز ئەمەس. جۈمە نامىزى ئىككى رەكئەت بولۇپ، نامازدىن بۇرۇن خۇتبە ئوقۇلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۇئمىنلەر! جۈمە كۈنى نامازغا (يەنى جۈمەگە) ئەزان ئېيتىلسا، سىلەر ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە ئالدىراپ بېرىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار، بۇنداق قىلغىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾.

(«جۇمۇئە» سۈرىسى، 9 ـ ئايەت)

## ئىككى ھېيت نامىزى

قۇربان ھېيت بىلەن روزا ھېيت نامىزى ۋاجىپ. ھېيت نامىزىغا ماڭغان كىشى يولدا تەكبىرنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېيتمايدۇ. ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن نەپلە ناماز ئوقۇلمايدۇ. ھېيت نامىزىغا ئەزان ـ تەكبىر ئېيتمايدۇ. ھېيتنىڭ خۇتبىسى نامازدىن كېيىن سۆزلىنىدۇ. ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈن كۆتۈرۈلگەندىن باشلاپ تىكلەشكەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتۇر.

ھېيت نامىزى ئىككى رەكئەت بولۇپ، ئىمام ناماز باشلاش تەكبىرىدىن كېيىن يەنە ئۈچ تەكبىر ئېيتىدۇ، ئاندىن «فاتىھە»نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر سۈرە ئوقۇيدۇ. ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلىدۇ، ئىككىنچى رەكئەتكە تۇرغاندا بىۋاستە قىرائەتكە كىرىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۈچ تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇغا چۈشىدۇ. ئارتۇق تەكبىرلەردە قولىنى كۆتۈرىدۇ.

## ۋىتىر نامىزى

ۋىتىر نامىزى پەرزدىن تۆۋەن، سۈننەتتىن يۇقىرى تۇرىدىغان (يەنى دەرىجىسى ۋاجىپ بولغان)، شام نامىزىدەك ئۈچ رەكئەت، خۇپتەن بىلەن بامداتنىڭ ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان نامازدۇر. ئۈچىنچى رەكئىتىدە «فاتىھە» بىلەن سۈرە «ئىخلاس» (قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ) نى ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. ئەگەر بىرەر كىشى ئۇخلاپ قېلىپ، ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇيالماي قالغان بولسا، تاڭ ئاتقاندا ئوقۇسا بولىدۇ. ۋىتىر نامىزى رامىزاندىن باشقا چاغدا جامائەت بولۇپ ئوقۇلمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا بەش نامىزىڭلارغا يەنە بىر نامازنى قېتىپ بەردى، ئۇ (ناماز) ۋىتىردۇر، ئۇنى قولدىن بەرمەڭلار» دېگەن.

(«مۇسنەدى ئەھمەد»، 6919 ـ، 23902 ـ ھەدىس)

ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇغۇچى ئۈچىنچى رەكئەتتە رۇكۇدىن ئىلگىرى تەكبىر ئېيتىپ قولىنى كۆتۈرۈپ تۆۋەندىكى «قۇنۇت دۇئاسى»نى ئوقۇيدۇ:

«اللَّهُمَّ إِنَّا نَسْتَعِينُك وَنَسْتَغْفِرُك وَنُؤْمِنُ بِك وَنَتَوَكَّلُ عَلَيْك وَنُثْنِي عَلَيْك الْخَيْرَ كُلَّهُ نَشْكُرُك وَلَا نَكْفُرُك وَنَخْلَعُ وَنَتْرُكُ من يُفْجِرُك اللَّهُمَّ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَلَك نُصَلِّي وَنَسْجُدُ وَإِلَيْك نَسْعَى وَنَحْفِدُ نَرْجُو رَحْمَتَك وَنَخْشَى عَذَابَك إِنَّ عَذَابَك بِالْكُفَّارِ مُلْحِقٌ (ئى ئاللاھ! بىز سەندىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز. ساڭا ئىمان ئېيتىمىز ۋە ساڭا تەۋەككۇل قىلىمىز. ساڭا جىمى ياخشى ھەمدۇسانالارنى ئېيتىمىز. ساڭا شۈكۈر قىلىمىز، سەندىن تانمايمىز، سەندىن تانغان ۋە ئاسىيلىق قىلغانلارنى تاشلايمىز. ئى ئاللاھ! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، ساڭىلا ناماز ئوقۇپ سەجدە قىلىمىز. سېنىڭ تائىتىڭگە ئالدىرايمىز. رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمىز، ئازابىڭدىن قورقىمىز. ھەقىقەتەن سېنىڭ ئازابىڭ كاپىرلارنى تاپماي قويمايدۇ)»

«قۇنۇت دۇئاسى»نى ئوقۇيالمايدىغان كىشى تەكرار ـ تەكرار «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لَنَا (ئى ئاللاھ! بىزنى مەغپىرەت قىلغىن)» دەيدۇ ياكى سۈرە بەقەرەدىكى (رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ) (پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن) دېگەن دۇئانى ئوقۇيدۇ.

# نامازنىڭ باشقا تۈرلىرى



## تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى

ئۆي ۋە باشقا قانداق بىر يەرگە كىرگىنىمىزدە ئۇ يەردىكىلەرگە سالام قىلىش ئىسلامدىكى ئەدەب -قائىدىلەردىن بولۇپ، مەسجىدمۇ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ئۆيىدۇر. شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە، مەسجىدكە تاھارەت بىلەن كىرىپ ئولتۇرماقچى بولغىنىمىزدا، ئاللاھقا سالام بېرىش ئۈچۈن ئىككى ياكى تۆت رەكئەت ئۆنىمىزنى چىقارماي ناماز ئوقۇيمىز. بۇ «تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، مەسجىدكە ئالاقىدار ئەڭ مۇھىم ئەدەب - قائىدىلەرنىڭ بىرىدۇر.

مەسجىدكە كىرگىنىمىزدە ئىمام پەرز نامازغا تۇرغان ياكى تۇرۇش ئۈچۈن تەكبىر چۈشۈرۈۋاتقان بولسا،«تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى» ئوقۇمايمىز. ھەرەم مەسجىدكە كىرىپ تاۋاپ قىلىشىمىز كېرەك بولغاندا ئالدى بىلەن تاۋاپ قىلىۋېتىپ ئاندىن «تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى» ئوقۇيمىز.

نەپلە ناماز ئوقۇش چەكلىنىدىغان كۈن چىقىۋاتقان، تىكلەشكەن، پېتىۋاتقان چاغلاردا، شۇنداقلا جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا «تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى» ئوقۇشقا بولمايدۇ.

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قايسى بىرىڭلار مەسجىدكە كىرسە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسۇن». («بۇخارىي»، 444 - ھەدىس)



ساجىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# ئىستىخارە نامىزى

ئىستىخارە دېگەن ــ ناماز ۋە ئىستىخارە دۇئاسى دەپ ئاتالغان مۇئەييەن دۇئانى ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھدىن ئىشلارنىڭ ياخشىراقىنى تاللاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا «بۇ ئىشنى قىلسام نەتىجىسى قانداق بولار، ياكى بۇ ئىشنى قىلسام ياخشىمۇ؟ قىلمىساممۇ؟» دەپ، ئىشلىرىدا ئىككىلىنىپ قېلىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغاندا، ئىستىخارە نامىزى ئوقۇش سۈننەت.

ئىستىخارەنى ئىستىخارە سېلىش نىيىتى بىلەن ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇپ، نامازدىن كېيىن ياكى نامازنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكى ھەدىستە كەلگەن دۇئانى ئوقۇش ئارقىلىق سالىمىز. ناۋادا ناماز ئوقۇيالمىساق دۇئا بىلەنلا ئىستىخارە سالساقمۇ بولىدۇ.

ھەزرىتى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ھەرقانداق ئىشتا ئىستىخارە سېلىشنى خۇددى قۇرئاندىكى بىر سۈرىنى ئۆگەتكەندەك ئۆگىتەتتى، ئۇ مۇنداق دەيتتى: ‹سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىرەر ئىش توغرۇلۇق باش قاتۇرغاندا، پەرز نامىزىدىن باشقا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ مۇنداق دېسۇن: اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْتَخِيرُكَ بِعِلْمِكَ وَأَسْتَقْدِرُكَ بِقُدْرَتِكَ، وَأَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ الْعَظِيمِ، فَإِنَّكَ تَقْدِرُ وَلاَ أَقْدِرُ وَتَعْلَمُ وَلاَ أَعْلَمُ وَأَنْتَ عَلاَّمُ الْغُيُوبِ، اللَّهُمَّ إِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ هَذَا الأَمْرَ خَيْرٌ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي ـ أَوْ عَاجِلِ أَمْرِي وَآجِلِهِ ـ فَاقْدُرْهُ لِي وَيَسِّرْهُ لِي ثُمَّ بَارِكْ لِي فِيهِ، وَإِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ هَذَا الأَمْرَ شَرٌّ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي ـ أَوْ فِي عَاجِلِ أَمْرِي وَآجِلِهِ ـ فَاصْرِفْهُ عَنِّي وَاصْرِفْنِي عَنْهُ، وَاقْدُرْ لِي الْخَيْرَ حَيْثُ كَانَ ثُمَّ أَرْضِنِي يەنى: ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ ئىلمىڭ بىلەن تاللاپ بېرىشىڭنى، ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن قۇدرەت ئاتا قىلىپ، ياخشىراق ئىشنى قىلدۇرۇشىڭنى ھەمدە ماڭا سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن بېرىشىڭنى سورايمەن. چۈنكى، سەن قادىر بولالايسەن، مەن قادىر بولالمايمەن؛ سەن بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن؛ سەن غەيبلەرنى بىلگۈچىدۇرسەن. ئى ئاللاھ! ناۋادا سېنىڭ ئىلمىڭدە بۇ ئىش (قىلماقچى بولغان ئىشنى ئاتايدۇ) مېنىڭ دىنىم، دۇنيايىم، تۇرمۇشۇم ۋە ئىشىمنىڭ ئاقىۋىتى ئۈچۈن (ياكى ھازىرقى ۋە كېيىنكى ئىشلىرىمغا دېسىمۇ بولىدۇ) خەيرلىك بولسا، ماڭا ئۇنى تەييارلاپ، ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگىن. ئاندىن ماڭا ئۇ ئىشتا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ناۋادا سېنىڭ ئىلمىڭدە بۇ ئىش ماڭا دىنىمدا، دۇنيايىمدا، تۇرمۇشۇمدا ۋە ئىشلىرىمنىڭ ئاقىۋىتىدە يامانلىق بولىدىغان بولسا، مېنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، ئۇنىمۇ مەندىن نېرى قىلغىن، ئۇنى كاللامدىن چىقىرىۋەتكىن، قەيەردە بولسا بولسۇن ماڭا خەيرلىكنى پۈتكىن، كېيىن مېنى شۇ خەيرلىك ئىشنى قىلىشقا رازى قىلغىن ›».

(«بۇخارىي»، 1162 ـ ھەدىس)

# نامازنىڭ باشقا تۈرلىرى



## تەراۋىھ نامىزى

تەراۋىھ نامىزى تەكىتلەنگەن سۈننەت بولۇپ، ئۇنى جامائەت بىلەن ئوقۇشمۇ سۈننەت. رامىزان ئېيىدا ھەر ئاخشىمى خۇپتەندىن كېيىن، ئىمام جامائەتكە ئىككى سالام بىلەن تۆت رەكئەتتىن قىلىپ جەمئىي 20 رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ. ھەر تۆت رەكئەت ئارىسىدا ئارام ئالىدۇ، ئاندىن ۋىتىر ئوقۇيدۇ، تەراۋىھنى 8 رەكئەت ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ. تەراۋىھ نامىزىنىڭ ۋاقتى خۇپتەندىن كېيىنلا باشلىنىپ تاڭ يورۇغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

رامىزاندىن باشقا ئايلاردا كېچىسى ئويغىنىپ 8 رەكئەت ياكى خالىغىنىمىزچە ناماز ئوقۇشمۇ سۈننەت بولۇپ، بۇ ناماز «تەھەججۇد نامىزى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان كېچىسىدە (نەپلە نامازغا) تۇرۇشقا كەسكىن بۇيرۇماستىن، رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيتتى: ‹كىمكى رامىزان كېچىسى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا (نامازغا) تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ›». («مۇسلىم»، 759 ـ ھەدىس)

## مېيىت نامىزى

مېيىت نامىزى پەرز كۇپايە. مېيىت نامىزىنى ئوقۇغاندا ئىمام ئەر ياكى ئايال مېيىتنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. مېيىت نامىزى تۆت تەكبىر بولۇپ، نامازغا تۇرغۇچى ئىككى قولىنى بىرىنچى تەكبىردە كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىلىرىدا كۆتۈرمەيدۇ. بىرىنچى تەكبىردىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ. ئىككىنچى تەكبىردىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ئېيتىدۇ. ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن ئۆزىگە، مېيىتقا ۋە باشقا مۇئمىنلەرگە دۇئا قىلىدۇ. تۆتىنچى تەكبىردىن كېيىن ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە سالام بېرىدۇ. بۇ نامازدا قىرائەت ۋە تەشەھھۇد، رۇكۇ ياكى سەجدە قىلىشمۇ يوق. «فاتىھە»نى دۇئا قىلىش نىيىتىدە ئوقۇسا بولىدۇ.

## ئاي ۋە كۈن تۇتۇلۇش نامىزى

بۇ نامازنىڭ ھۆكمى سۈننەت بولۇپ، ئاياللارمۇ چىقىپ ئوقۇسا بولىدۇ. «كۈن تۇتۇلۇش نامىزى»غا ئادەتتىكى نەپلە نامازلارغا ئوخشاش ئەزان توۋلانمايدۇ ۋە تەكبىر چۈشۈرۈلمەيدۇ، بىراق جامائەت بولۇپ ئوقۇلىدۇ. «كۈن تۇتۇلۇش نامىزى»دا قىرائەت ئۈنلۈك ئوقۇلمايدۇ، ئەمما «ئاي تۇتۇلۇش نامىزى»دا ئۈنلۈك ئوقۇلىدۇ، ھەمدە بۇ نامازلارنىڭ قىرائەتى ئۇزۇنراق بولىدۇ.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق. تۇيۇقسىز كۈن تۇتۇلغانىدى، رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىراپ مەسجىدكە كىردى، بىزمۇ كىردۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ تاكى كۈن ئېچىلغانغا قەدەر بىزگە ئىمام بولۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەردى، ئاندىن: ‹كۈن بىلەن ئاي بىرەرسىنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك تۇتۇلمايدۇ، شۇڭا ئۇ ئىككىسىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرسەڭلار تاكى بېشىڭلارغا كەلگەن ئەھۋال ئوڭشالغانغا قەدەر ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىڭلار›» دېدى. («بۇخارىي»، 1040 ـ ھەدىس. «مۇسلىم»، 901 ـ ھەدىس)

## يامغۇر (ھۆل ـ يېغىن) تىلەش نامىزى

ئىمام يامغۇر تىلىمەكچى بولغاندا قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە كەڭرى مەيدانلارغا ياكى مەسجىتلەرگە چىقىپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا، ئىستىغپار ئېيتىپ، جامائەت بىلەن ئەزان ۋە تەكبىرسىز ھالدا قىرائەتنى ئۈنلۈك قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. ئاندىن خۇتبە سۆزلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا (نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن) مۇنداق دېگەن: ﴿(ئۇلارغا) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۞ ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ﴾. («نوھ»، سۈرىسى 10 ـ، 11 ـ ئايەتلەر)

# نامازنىڭ باشقا تۈرلىرى



## ئەنسىز پەيتلەردە ئوقۇلىدىغان ناماز

ئوقۇلۇش شەكلى: ئىمام قوشۇننى ئىككى بۆلەككە بۆلىدۇ. بىر بۆلەك دۈشمەنگە يۈزلىنىپ تۇرىدۇ، يەنە بىر بۆلەككە ئىمام بىر رەكئەت ئوقۇپ بېرىدۇ، (ئاندىن بۇ بۆلەك) دۈشمەن تەرەپكە بارىدۇ، تېخى ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر تۈركۈم كېلىدۇ. ئاندىن ئىمام ئۇلارغا نامازنىڭ قېپقالغان قىسمىنى ئوقۇپ بېرىدۇ ۋە ئۆزىلا سالام بېرىدۇ. (ئاندىن) بۇلار دۈشمەن تەرەپكە بارىدۇ، دەسلەپكى بۆلەك كېلىپ نامازلىرىنى قىرائەتسىزلا تاماملايدۇ. بۇلار ئىمام تۇرغان ۋاقىتنى مۆلچەرلەپ شۇنچىلىك ۋاقىت خۇددى ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرغاندەك ھالەتتە تۇرۇۋېتىپ، سالام بېرىپ (دۈشمەن تەرەپكە) بارىدۇ. (ئاندىن) يەنە بىر بۆلەك كېلىپ نامىزىنى قىرائەت قىلىپ تاماملايدۇ. چۈنكى بۇلار نامازنىڭ بېشىغا ئۈلگۈرەلمىگەنلەر. ئۇلار (تاماملاپ بولغاندىن كېيىن) سالام بېرىدۇ.

## سەپەردىكى كىشىنىڭ نامىزى

سەپەر ئۈستىدىكى كىشى تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازنى ئىككى رەكئەت قىلىپ قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر تۆت رەكئەتنى تولۇق ئوقۇسا سۈننەتكە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. ئەمما بامدات، شام، ۋىتىر ۋە سۈننەت نامازلار قىسقارتىلمايدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سەپەر نامىزى ئىككى رەكئەت، چاشگاھ نامىزىمۇ ئىككى رەكئەت، ھېيت نامىزىمۇ ئىككى رەكئەت، جۈمە نامىزىمۇ ئىككى رەكئەت. بۇ سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېيتقىنىغا بىنائەن كەم قويماي تولۇق ئادا قىلىشتۇر». («نەسائىي»، 1712 ـ ھەدىس)

## بىتاپ كىشىنىڭ نامىزى

ئۆرە تۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق ياكى (ئۆرە تۇرسا) كېسەلى ئېغىرلىشىپ كېتىدىغان كىشى نامازنى ئولتۇرغان ھالەتتە رۇكۇ - سەجدە قىلىپ ئوقۇيدۇ. رۇكۇ - سەجدىمۇ قىلالمىسا ئىشارەت قىلىپ ئوقۇيدۇ. ئولتۇرالمايدىغان كىشى ئىككى پۇتىنى قىبلە تەرەپكە قىلغان ھالدا ئوڭدىسىغا يېتىپ تۇرۇپ ئىشارەت بىلەن ئوقۇيدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىمران ئىبنى ھۇساين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا مۇنداق دېگەن: «نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇ، ئۆرە تۇرالمىساڭ ئولتۇرۇپ، ئولتۇرالمىساڭ يېنىچە يېتىپ (ئوقۇ)».

(«بۇخارىي»، 1117 - ھەدىس)

## چاشگاھ نامىزى

كۈن چىقىپ نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىنكى چاشگاھ ۋاقتىدىن تارتىپ كۈن تىكلەشكەنگە قەدەر ئارىلىقتا ئىككى، ياكى تۆت، ياكى سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇش سۈننەت. «چاشگاھ نامىزى يەنە «ئىتائەتمەنلەر نامىزى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئىتائەتمەنلەر نامىزى بوتىلاقلارنىڭ تۇيىقى (كۈن نۇرىدىن) قىزىپ كېتىدىغان ۋاقىتتىدۇر».

(«مۇسلىم»، 748 - ھەدىس)



# بەزى دىنىي ئاتالغۇلار

**پەرز:** قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە چوقۇم ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان ئەمەللەر پەرز دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى ئورۇنداش ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ، ئۇنى ئورۇندىغان كىشى ساۋاپ تاپىدۇ، ئورۇندىمىغان كىشى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئازابىنى تارتىدۇ.

پەرز ئىككى تۈرلۈك بولۇپ بىرى، پەرز ئەين: ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزى ئورۇنداشقا بۇيرۇلغان پەرز بولۇپ، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش، ھارام ـ يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا ئوخشىغان ئىشلار.

يەنە بىرى، پەرز كىفايە: ئومۇم مۇسۇلمانلار بۇيرۇلغان پەرز بولۇپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش، جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش، دىنىي ئىلىم ياكى پەن ـ تېخنىكا ساھەلىرىدىن بىرەرسىدە يېتىشىپ چىقىش قاتارلىق ئىشلار.

**ۋاجىپ:** قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە چوقۇم ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ئىجتىھاد ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ئەمەللەر ۋاجىپ دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: قۇربانلىق قىلىش، فىتىر سەدىقىسى، ھېيت نامازلىرى ۋە ۋىتىر نامىزى قاتارلىقلار.

ۋاجىپمۇ پەرزگە ئوخشاش زۆرۈر بولۇپ، ۋاجىپ ئەمەللەرنى ئورۇندىغان كىشى ساۋاب تاپىدۇ، تەرك ئەتكەن كىشى گۇناھكار بولىدۇ، لېكىن ۋاجىپنى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولمايدۇ، بەلكى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ.

**سۈننەت:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرز، ۋاجىپ ئەمەللەرنىڭ سىرتىدا قىلغان ئەمەللەر بولۇپ، ئۇ ئىككى تۈرلۈك. بىرى، تەكىتلەنگەن سۈننەت، يەنە بىرى، تەكىتلەنمىگەن سۈننەت.

تەكىتلەنگەن سۈننەت: پەرز، ۋاجىپتىن باشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىزچىل ئورۇنداپ كەلگەن ئەمەللەر بولۇپ، ھەنەفىي مەزھەپتىكى ھۆكمى: «ئەمەل قىلغۇچى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. تەرك ئەتكۈچىگە جازا كەلمەيدۇ. لېكىن كايىشقا ئۇچرايدۇ». بەزى ئالىملار: بۇنى ئىزچىل تەرك قىلغۇچىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ دېگەن.

تەكىتلەنمىگەن سۈننەت: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە قىلىپ، بەزىدە قىلمىغان ئەمەللەردۇر.

**ھارام:** چەكلەنگەنلىكى قۇرئان ئايەتلىرى ۋە سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئېنىق بەلگىلەنگەن زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش، ئۆسۈم يېيىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلاردۇر.

ھارام ئىشنى قىلغان ئادەم قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلمىسا دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇنى تاشلىغان ئادەم ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ھالال ساناپ قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ.

**مەكروھ:** چەكلىنىش تەرىپى كۈچلۈك بولغان ئىشتۇر، بۇ ئىش ھارامغا يېقىنراق بولسا «تەھرىمي مەكروھ» بولىدۇ. ھالاللىققا يېقىنراق بولسا «تەنزىيھىي مەكروھ» بولىدۇ. ئۇنى قىلغۇچى جازالانمايدۇ، ئەمما قىلمىسا ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

**مۇباھ:** قىلىش ـ قىلماسلىقى ھەركىمنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان ئىشلار بولۇپ، يېيىش ـ ئىچىش، ئولتۇرۇش ـ قوپۇش، دېگەنلەرگە ئوخشاش.

مۇباھ ئىشلارنى ياخشى نىيەت بىلەن ئىبادەت قاتارىغا ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن يېيىش ۋە ئىچىش، بامدات نامىزىغا تۇرۇش ئۈچۈن بالدۇر ئۇخلاش، شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىنى ۋە ئىبادەتلەرنى ياخشى ئورۇنداش ئۈچۈن، بەدەن چېنىقتۇرۇپ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت بولىدۇ.

**تەئدىل ئەركان:** رۇكۇ ۋە سەجدىدە سالماق ھالدا بىر ئاز تۇرۇۋېتىش بىلەن، رۇكۇدىن تۇرغاندا ۋە ئىككى سەجدىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئولتۇرۇشتا راۋۇرۇس بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**خۇشۇ:** سۆز مەنىسى «ئەيمىنىپ تۇرۇش، جىم تۇرۇش، شۈك تۇرۇش، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، كەمتەر بولۇش» دېگەنلەردىن ئىبارەت. شەرىئەتتىكى مەنىسى: دىلدا ئاللاھتىن قورقۇشتىن ئىبارەت.

**ۋىتىر نامىزى:** ئەرەب تىلىدا تاق، يەككە دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، شەرىئەتتىكى مەنىسى: رەكئەت سانى تاق، خۇپتەن بىلەن بامداتنىڭ ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان ۋاجىپ نامازدۇر. ھەنەفىي مەزھەپتە ۋىتىر نامىزى شام نامىزىدەك ئۈچ رەكەت ئوقۇلىدۇ.

**قۇنۇت دۇئاسى:** ھەنەفىي مەزھەپتە ۋىتىر نامىزىنىڭ ئۈچىنچى رەكئەتتە رۇكۇدىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئا.




Çocuklar için İslami eğitim
مەن مۇسۇلمان
تاھارەت
ناماز
سۆيۈملۈك سەبىي ئۆسمۈرلىرىمىزنى ئىلىم -
مەرىپەت بىلەن قوراللاندۇرۇشقا تىرىشىمىز
تاھارەت
www.sajiya.biz